# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تېلېگرامما ئەۋەتىپ، لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 65 يىللىقىنى تەبرىكلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى** 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 65 يىللىقىنى تەبرىكلىدى. تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېيىلدى:

65 يىلدىن بۇيان، لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى لائوس خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، مىللەتنىڭ ئازادلىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئىشلىرىدا شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، باش شۇجى بېنياڭ باشچىلىقىدىكى لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، لائوس پارتىيەسى ۋە خەلقى پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئىشلىرىنى يۇقىرى ئالغا سىلجىتىپ، ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن لائوس پارتىيەسىنىڭ 11 - قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى كۈتۈۋالىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جۇڭگو - لائوس مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. 2019 - يىلى 4 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ باش شۇجى بېنياڭ بىلەن بىرلىكتە «جۇڭگو - لائوس تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىش ھەرىكەت پىلانى»نى ئورتاق ئىمزالاپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو - لائوس مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، يول پىلانلاپ بەردى. يېقىندا يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، لائوس پارتىيەسى، ھۆكۈمىتى، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەدىكىلەر بىرىنچى ۋاقىتتا جۇڭگو تەرەپتىن ھال سورىدى ھەم ياردەم پۇلى ۋە ماددىي ئەشيا ياردىمى بىلەن تەمىنلەپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولىدىغان، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولىدىغان جۇڭگو - لائوس تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى روھىنى جانلىق شەرھلىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى بىلەن بىرلىكتە، ئىككى پارتىيەنىڭ باش شۇجىلىرى ھاسىل قىلغان مۇھىم ئورتاق تونۇشنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىستراتېگىيەلىك ئالاقىنى كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، جۇڭگو - لائوس تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا يېڭى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن نامىبىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 30 يىلدىن بۇيان، خەلقئارا ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىككى تەرەپ باشتىن - ئاخىر جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەن زوڭتۇڭ گېينگوب بىلەن كۆپ قېتىم يۈز كۆرۈشۈپ، جۇڭگو - نامىبىيە ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئاشۇردۇق. مەن جۇڭگو - نامىبىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، زوڭتۇڭ گېينگوب بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 30 يىللىقىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ۋە جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىقىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان تارىخىي پۇرسىتىنى ياخشى ئىگىلەپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىشنى مۇستەھكەملەپ، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو - نامىبىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇپ، تېخىمۇ زىچ بولغان جۇڭگو - ئافرىقا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشنى خالايمەن.

گېينگوب تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن بۇيان، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدىكى ھەمكارلىقتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ كەلدى، نامىبىيە بىلەن جۇڭگونىڭ پۈتۈن ھاۋارايىلىق دوستلۇقى دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە يەر شارىۋى خىرىسنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بەردى. يېڭى تارىخىي ئاچقۇچلۇق پەيتتە، نامىبىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىگە يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشۇپ، تىنچ، گۈللەنگەن، مۇقىم تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى خالايدۇ. نامىبىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى جۇڭگو تەرەپنىڭ باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن داۋاملىق تۇردە قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا تارقىلىشىغا تاقابىل تۇرۇشنى خالايدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو جەزمەن تېخىمۇ گۈللەپ ياشنايدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تۈر قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مۇقىملىقنى ساقلاش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، پۇرسەت ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك. مەركەزنىڭ يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش، تۈر قۇرۇلۇشىنى قوللاش، ئۈنۈملۈك ئېھتىياجنى كېڭەيتىشتىكى مۇھىم پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كېلىش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، سىياسەتنى نىشانلاپ تۈرنى كۆزلەپ، تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ تۈرنى يولغا قويۇپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ تۈر قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىپ، مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئۈنۈملۈك سېلىنما، ئىقتىسادنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، دىققەتنى ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى نۇقتىلىق كېڭەيتىشكە مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. دۆلەت نۇقتىلىق قوللاۋاتقان ئاممىۋى سەھىيە، جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى كاپالىتى، خەۋەرلىشىش، قاتناش قاتارلىق ساھەلەرنى چۆرىدەپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلەرنى پائال پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمىچىلىق، ئادەمسىز تەقسىملەپ يەتكۈزۈپ بېرىش، توردا ئىستېمال قىلىش، داۋالاش، ساغلاملىق قاتارلىق يۇقۇم مەزگىلىدە نامايان بولغان قۇدرەتلىك ئۆسۈپ يېتىلىش يۈزلىنىشى كۈچى بار يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى پائال قوللاپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئەندىزىدە يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈر قۇرۇلۇشىغا كۈچ قوشۇش كېرەك؛ مەركەزنىڭ خامچوت ئىچىدىكى مەبلەغ سېلىشى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەخسۇس تۈر قەرز مەبلىغىنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، ھۆكۈمەت سېلىنمىسىنىڭ تۈرتكىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سودىگەر چاقىرىش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، مەبلەغ جەلپ قىلىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئەل ئىچى مەبلەغ سېلىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، سېلىنمىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، قۇرۇلۇشلارنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش كېرەك. تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىك خىزمىتىنى ئىلمىي، پۇختا قانات يايدۇرۇپ، يۈرۈشلۈك شەرت ۋە قوللاش خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى يۇقىرى ئۈنۈمدە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «بىر تۈركۈمنى قۇرۇش، بىر تۈركۈمدە ئىش باشلاش، بىر تۈركۈمنى زاپاس ساقلاش»تەك ياخشى ئايلىنىشنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك؛ بېكىتىلگەن مۇھىم، زور قۇرۇلۇش ۋە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىنى پىلانلاشنى تېزلىتىپ، قۇرۇلۇۋاتقان ۋە يېڭىدىن ئىش باشلىغان تۈر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، بالدۇر قۇرۇپ چىقىش، قۇرۇلۇشنى بالدۇر تاماملاش، بالدۇر ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ تۈرلەردە مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىشكە پائال تۈرتكە بولۇپ، بالدۇرراق ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەڭ يۇقىرى چەكتە تۈر قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى زامانىۋى كەسىپلەرنىڭ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى، تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتىكى يېڭى تىرەك، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتىكى يېڭى ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

بەشىنچىدىن، مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇرۇپ، ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك. مەبلەغ سېلىش ۋە يۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، بانكا بىلەن كارخانىلارنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ تۈرلۈك مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قوراللىرىدىن ياخشى پايدىلىنىشىغا ياردەم بېرىپ، تۈر مەبلىغى ئېھتىياجىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش كېرەك؛ «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئالاقىلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالدىغا ئۆتۈپ مۇلازىمەت قىلىپ، بوغما ھالەتنىڭ چەكلىمىسىنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك تەستىقلاش، بېجىرىش ۋاقتىنى زور كۈچ بىلەن قىسقارتىپ، مۇلازىمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ يەر ئىشلىتىش، ئېنېرگىيە ئىشلىتىش، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق سىياسەتلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، تۈر قۇرۇلۇشى مۇھىم ئامىل كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كارخانىلار دۇچ كەلگەن ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى دەل جايىدا ھەل قىلىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، پەيتنى قولدىن بەرمەي، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ئۆزى تۇتۇپ، ئومۇمىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، ھەم قوماندانلىق قىلىشى، ھەم جەڭگە ئاتلىنىشى كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدىغان، كېچىسى ئۇخلىيالمايدىغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەسلىك، ئاخىرغىچە تۇتۇش غەيرىتى - جاسارىتى بىلەن يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەت، يۇقىرى سەۋىيە، يۇقىرى ئۈنۈمدە تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى ئالغا سىلجىتىپ، نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ۋەزىپىلەرنى پارچىلاپ، ئىش مۇددىتىنى تەتۈر سىزىپ، نىشان بەلگىلەپ جەڭ قىلىپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشقا، ھاللىق جەمئىيەتنى قەرەلىدە قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۇنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

# ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەردىكى 4 مىليون 367 مىڭ 900 ئوقۇغۇچى بۈگۈن ئوقۇش باشلىدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىر تەرەپ قىلىش مانېۋىرى قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى جايلار ماسكا، دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى قاتارلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان تۈرلۈك ماددىي ئەشيالارنى بىرتۇتاش تەڭشەپ تەقسىملەپ، ئالدى بىلەن مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش باشلاش ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، مەكتەپلەرگە ياردەملىشىپ مۇناسىپ تېببىي خادىملارنى تەڭشەپ تەقسىملەپ ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئايرىش رايونى تەسىس قىلىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش باشلاش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمەت ئېھتىياجىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن كاپالەتلىك قىلدى.

ئوقۇش باشلاشتىن ئىلگىرى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مەكتەپلەر دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرىكى تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، سىنىپ، ئاشخانا، ھاجەتخانا، مۇنچا، پەلەمپەي قاتارلىق نۇقتىلىق رايونلارنى ئومۇميۈزلۈك دېزىنفېكسىيەلەپ، ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، مەكتەپنىڭ سۇ، توك، گاز، پار، ئوت ئۆچۈرۈش، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى ئەسلىھەلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، رېمونت قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، بىخەتەر ئايلىنىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇتقۇچىلارنى شىنجاڭغا قايتىش، ئىش ئورنىغا قايتىشقا ۋە تەربىيەلىنىش، دەرس تەييارلاشقا پائال، پۇختا تەشكىللەپ، ئوقۇغۇچىلاردا «دەرس باشلىنىشتىن بۇرۇن كىتاب تەييار بولۇش، ھەربىر ئادەمدە بىردىن كىتاب بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى مۇنداق تەلەپ قىلدى: ئوقۇش باشلىغاندىن كېيىن ھەرقايسى مەكتەپلەر مەكتەپنى تولۇق يېپىق ھالەتتە باشقۇرۇشنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىشىنى قاتتىق چەكلەپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئۇچراشتۇرماي، ۋاقىتنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ ئالاقىدار ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ توپلىشىش، يىغىلىشىدىن ساقلىنىپ، «ئەتىگەندە، چۈشتە، كەچتە تەكشۈرۈش» ۋە «كۈندە دوكلات قىلىش، نۆل دوكلات قىلىش» تۈزۈمىنى جەزمەن قاتتىق ئىجرا قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: ئوقۇش باشلىغاندىن كېيىن ھەرقايسى مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ توردا ئوقۇتۇش جەريانىدىكى ئۆگىنىش دەرىجىسىنى باھالاپ، «نۆل باشلىنىش نۇقتىسى» ئوقۇتۇش پرىنسىپى بويىچە، ئوخشاش بولمىغان يىللىقلارنىڭ ئوقۇتۇش ۋە ئىمتىھان پىلانىغا ئاساسەن، ئوقۇتۇش ئورۇنلاشتۇرۇشىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، ئوقۇتۇش ۋاقتىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، ئوقۇتۇش پائالىيىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، دەرسخانا ئوقۇتۇشى بىلەن ئۆيدە توردا ئوقۇتۇشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

كۆلىمى تەخمىنەن 42.8 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، كۆمۈر بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى تەخمىنەن 860 مىليون توننا. كان رايونى توققۇز پارچىغا ئايرىلغان بولۇپ، يەرلىك پىلاندىكى قۇرۇلۇش كۆلىمى 6 مىليون 300 مىڭ توننا/يىل. كان رايونىدىكى كۆمۈر تۈرى ئاساسلىقى يالقۇنلۇق كۆمۈر ۋە يېپىشماس كۆمۈر بولۇپ، ئەلا سۈپەتلىك ئېنېرگىيە كۆمۈرى ۋە خىمىيە سانائىتى خام ئەشيا كۆمۈرىگە تەۋە.

تەستىقلانغان كان رايونىنىڭ ئومۇمىي يەرلىك پىلانى كان رايونىنىڭ كۆمۈر بايلىقىنى ئېچىشتىكى يېتەكچى خاراكتېرلىك ھۆججەت، كان رايونىدىكى كۆمۈر كان تۈرىنى تەستىقلاش، قۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشتىكى تۈپ ئاساس. ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى دۆلەت تەستىقلىغان كان رايونىنىڭ ئومۇمىي يەرلىك پىلانى ۋە يەرلىك پىلانىنىڭ مۇھىت تەسىرىنى باھالاش، تەكشۈرۈش پىكرىگە ئاساسەن، ساۋەن كان رايونىنىڭ شەرقىي رايونىدىكى كۆمۈر بايلىقىنى ئىلمىي، مۇۋاپىق، تەرتىپلىك ئېچىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ۋە كەسىپ ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرىدۇ.

# ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى لى ۋېيجېڭنىڭ پارا بېرىش جىنايىتىگە چېتىشلىق مەسىلىسىنى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى

**ئۆز خەۋەرچىمىز** يېقىندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى شىنجاڭ شىنلياڭجى مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى لى ۋېيجېڭنىڭ پارا بېرىش جىنايىتىگە چېتىشلىق مەسىلىسىنى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى قارار قىلدى.

### ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى يىغىن ئېچىپ

# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە مەخسۇس تۈزەشنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا قايتا سەپەرۋەر قىلدى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **ۋۇ لى** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىنى مەخسۇس تۈزەشنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش، ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنى ئېچىپ، بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە مەخسۇس تۈزەشنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا قايتا سەپەرۋەر قىلدى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىنى مەخسۇس تۈزەشنى مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، دىققەتنى ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتىكى نىشان - تەلەپلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، سىياسىي نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئاخىرغىچە چىڭىتىش، جايىدا چىڭىتىش كېرەك؛ ئامما ئەڭ ئالدىراۋاتقان، ئەڭ غەم قىلىۋاتقان، ئەڭ ئارزۇ قىلىۋاتقان مەسىلىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، مالىيە ياردەم تولۇقلىما مەبلىغى «ھەممىباب كارتا»سىنى باشقۇرۇش، ئاساسىي قاتلامنىڭ «كىچىك، ئۇششاق ھوقۇق»نى يۈرگۈزۈش قاتارلىق كۈندىلىك نازارەتچىلىكنى پۇختا ئىشلەش كېرەك؛ گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۇتۇپ، ئاچقۇچلۇق، ئەجەللىك يەرلەردە ئىنتىزامنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈپ، بىۋاسىتە تەكشۈرۈپ بىۋاسىتە بېجىرىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسەتلەرنى تولۇق تەتبىقلاپ، يۇقىرى بېسىملىق چۆچۈتۈش ۋە سىياسەت ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈشنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈم ئېففېكتىنى سىجىل قويۇپ بېرىش كېرەك؛ دېلو ئارقىلىق ئىبرەت بېرىش، دېلو ئارقىلىق تۈزىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «كېيىنكى باسقۇچتىكى ئىشلار»نى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: كەڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرى، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن ئىستىلنى ياخشىلاپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىپ، ۋىۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ھۆددىگە ئېلىش - ئالاقىلىشىش بويىچە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، تۆت دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى شۇجىلىرىنىڭ زىيارەت قىلىش، نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى كۈچنى بىرىكتۈرۈپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇشى كېرەك.